قىزىل يىڭناغۇچ چۆچەكلەر مەجمۇئەسى

# ئەقىللىق توشقان



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت-فوتو سۈرەت نەشرىياتى

Scanned by CamScanner

بۇ كىتاب جۇڭگو چاتما رەسىملەر نەشرىياتىنىڭ 1997 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى ، 1998 - يىل 3 - ئاي 3 - باسمىسىغا ئاساسەن تاللاپ تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى .

# ئەقىللىق توشقان

## قىزىل يىڭناغۇچ چۆچەكلەر توپلىمى (4)

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلدى
ئۈرۈمچى گۈەنشيۈەن باسما چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 1194mm×889، 1/48؛ باسما تاۋىقى: 0.5
2000 - يىل 1 - ئاي 1 - نەشرى، 2011 - يىل 4 - ئاي 7 - بېسىلىشى

ISBN 978 - 7 - 80547 - 814 - 2

بىر يۈرۈش باھاسى: 10.80 يۈەن، پارچە باھاسى: 1.80 يۈەن

Scanned by CamScanner

قىزىل يىڭناغۇچ چۆچەكلەر مەجمۇئەسى

# ئەقىللىق توشقان



ئۆزگەرتىپ تۈزگۈچى: جۇ ۋېي
تەرجىمە قىلغۇچى: ماھىنۇر غوپۇر

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت-فوتو سۈرەت نەشرىياتى

Scanned by CamScanner



Scanned by CamScanner

1. توشقان ئانىنىڭ ئۈچ بالىسى بار ئىكەن، بىرسىنىڭ ئىسمى قىزىل كۆز، بىرسىنىڭ ئىسمى ئۇزۇن قۇلاق، يەنە بىرسىنىڭ ئىسمى كالتە قۇيرۇق ئىكەن.



Scanned by CamScanner



2. بىركۈنى توشقان ئانا
بالىلىرىغا: «مەن بۈگۈن كۆك-
تاتلىققا بېرىپ تۇرۇپ ئۈزۈپ
كېلەي، سىلەر ئىشىكنى مەھ-
كەم ئېتىپ ئولتۇرۇڭلار، مەن-
دىن باشقا ھېچكىمگە ئىشىكنى
ئاچماڭلار» دەپتۇ.

3. توشقان ئانا كەتكەندىن كېيىن با-
لىلار ئىشىكنى مەھكەم ئېتىپ قويۇپ،ئۆيدە
ئويۇننى باشلىۋېتىپتۇ.



Scanned by CamScanner

4. بىر ھازادىن كېيىن بۆرە توشقانلارنىڭ ھىدىنى پۇراپ، شۆلگەيلىرىنى ئېقىتقىنىچە توشقاننىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ.




Scanned by CamScanner

5. توشقانلار ئىشىكنى بەك
چىڭ ئېتىۋالغاچقا بۆرە كىرەل-
مەي، ئىشىك ئالدىدا ئولتۇرۇپ
كۆزلىرىنى قىسقىنىچە كۆڭلىگە بىر
يامان غەرەزنى پۈكۈپتۇ.



Scanned by CamScanner



6. دەل مۇشۇ پەيتتە توشقان ئانا قايتىپ كەپتۇ. بۆرە دەرھال بىر دەرەخنىڭ كەينىگە مۆكۈۋاپتۇ.

Scanned by CamScanner

7. توشقان ئانا ئىشىك ئالدىغا كېلىپ:
«ئوماق قوزىلىرىم، ئاناڭلار قايتىپ كەلدى.
ئىشىكنى ئېچىڭلار، چاپسان ئېچىڭلار» دەپتۇ.
توشقانلار ئانىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئىشىكنى
ئېچىپتۇ.



Scanned by CamScanner



8. ئوھوي! ئانىمىز نېمىدېگەن جىق تۇرۇپ ئەكەلگەن-ھە! توشقانلار يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئانىسىنىڭ قولىدىن سېۋەتنى ئاپتۇ.

Scanned by CamScanner



9. ئەتىسى توشقان ئانا ئورمانلىققا موگۇ ئۈزگىلى كېتىپتۇ.

Scanned by CamScanner

10. توشقانلار ئىشىكنى چىڭ ئېتىپ،
ئۆيدە قېلىپتۇ.



Scanned by CamScanner

11. پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن بۆرە كېلىپ، توش-
قان ئانىنىڭ ئاۋازىنى دوراپ: «ئوماق قوزىلىرىم، ئاناڭ-
لار قايتىپ كەلدى، ئىشىكنى ئېچىڭلار، چاپسان ئېچىڭ-
لار» دەپتۇ.



Scanned by CamScanner

12. قىزىل كۆزلۈك توشقان ئاۋازنى ئاڭلاپلا، ئانام قايتىپ كەپتۇ دەپ خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ.



13. كالته قۇيرۇق توشقانمۇ ئانام قايتىپ كەلگەن ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ: «ئانام قايتىپ كەپتۇ، ئىشىكنى تېزرەك ئاچايلى» دەپتۇ.



14. ئۇزۇن قۇلاق توشقان كالتە قۇيرۇق توشقان بىلەن قىزىل كۆز توشقاننى توسۇپ: «ياق، بۇ ئانىمىزنىڭ ئاۋازى ئەمەس» دەپتۇ.





15 . توشقانلار ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن قاراپ، ھەقىقەتەن ئانىسى ئەمەس-
لىكىنى بىلىپ: «ئىشىكنى ئانىمىزدىن باشقا ھېچكىمگە ئاچمايمىز» دەپ-
تۇ.

Scanned by CamScanner

16. بۆرە توشقانلارنىڭ ئىشەنمىگەنلىكىنى بىلىپ ھولۇقۇپ: «مەن ئاناڭلار، مەن سىلەرنىڭ ئاناڭلار» دەپتۇ.



Scanned by CamScanner

17. توشقانلار: «ياق، ئىشەنمەيمىز، بولمىسا قۇيرۇقىڭىزنى كۆرۈپ باقايلى» دەپ چۇرقىرىشىپتۇ. بۆرە ئۇلارغا قۇيرۇقنى كۆرسىتىشكە ماقۇل بوپتۇ.



18. توشقانلار ئىشىكنى قىيا ئاچقان ئىكەن، بۆرە قۇيرۇقىنى ئىشىك يوچۇقىدىن كۆرگۈزۈپتۇ.



19. بۇ تۈكلۈك ئۇزۇن قۇيرۇق چوقۇم بۆرىنىڭ قۇيرۇقى دەپلا، توشقانلار ئىشىكنى كۆچەپ يېپىپ ئېتىۋاپتۇ. بۆرىنىڭ قۇيرۇقى ئىشىككە قىسىلىپ قاپتۇ.





20. دەل شۇ پەيتتە توشقان ئانا
قايتىپ كېلىپ، بۆرىنىڭ بېشىغا
كالتەك بىلەن راسا كېلىشتۈرۈپ
بىرنى ساپتۇ.

Scanned by CamScanner



21. بۆرە ئاغرىققا چىدىماي قاچماقچى بولغانىكەن، قۇيرۇقى ئۈزۈلۈپ قاپتۇ. ئۇ يۈگۈرگەن پېتى تاغقا قېچىپ كېتىپتۇ.

Scanned by CamScanner

22. توشقان ئانا كالتەكنى تاشلاپ: «ئوماق قوزىلىرىم، ئىشىكنى ئېچىڭلار، ئاناڭلار قايتىپ كەلدى. . .» دەپتۇ. توشقانلار ئانىسىنىڭ ئاۋازىنى تونۇپ ئىشىكنى ئېچىپ، ئۆزلىرىنى ئانىسىنىڭ قوينىغا ئېتىپتۇ.



Scanned by CamScanner

本书根据中国连环画出版社 1997 年 5 月第一版，1998 年 3 月第三次印刷版本选译出版。


小兔乖乖

红蜻蜓丛书（4）

新疆美术摄影出版社出版发行

新疆新华书店经销

乌鲁木齐市冠雄印刷有限公司印刷

889 × 1194毫米　48开　0.5印张

2000 年 1 月第 1 次版　2011 年 4 月第 7 次印刷

ISBN 978-7-80547-814-2

总定价：10.80元　每册价：1.80元（维）


Scanned by CamScanner

مەسئۇل مۇھەررىرى : روشەنگۈل تۇرسۇن
گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى : ئازات بارات



ISBN 978-7-80547-814-2

9 787805 478142 >

总定价:10.80元 每册价:1.80元（维）

Scanned by CamScanner